# قايسى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: تېنىڭ ساغلام، پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق تۇرۇپ، كەمبەغەللىكتىن قورقىقان ۋە بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋاقتىڭدا سەدىقە قىلىشىڭ، دېدى. ئۆلۈم سەكراتىغىچە سەدىقە قىلىشنى ئارقىغا سوزمىغىن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مال-مۈلكىمنى پالانچىغا بېرىڭلار، بۇنى پالانچىغا بېرىڭلار دەيسەن ھالبۇكى ئۇ ۋاقىتتا مال-مۈلكىڭ پالانچىغا تەۋە بولۇپ بولغان بولىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ قايسى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: تېنىڭ ساغلام، پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق تۇرۇپ، كەمبەغەللىكتىن قورقۇغان ۋە بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋاقتىڭدا سەدىقە قىلىشىڭ، دېدى. ئۆلۈم سەكراتىغىچە سەدىقە قىلىشنى ئارقىغا سوزمىغىن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مال-مۈلكىمنى پالانچىغا بېرىڭلار، بۇنى پالانچىغا بېرىڭلار دەيسەن ھالبۇكى ئۇ ۋاقىتتا مال-مۈلكىڭ پالانچىغا تەۋە بولۇپ بولغان بولىدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى توغۇرلۇق سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تېنىڭ ساغلام تۇرۇپ، مال-دۇنياغا ھېرىسمەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالغىنىڭدا كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇيدىغان، بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋاقىتتا سەدىقە قىلىشىڭ، دېدى. سەدىقە قىلىشنى كېچىكتۈرمىگىن، ساڭا ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا پالانچىغا مال-مۈلكىمدىن بۇنى سەدىقە قىلدىم ياكى ۋەسىيەت قىلدىم، پالانچىغا مال-مۈلكىمدىن بۇنى سەدىقە قىلدىم ياكى ۋەسىيەت قىلدىم، دەيسەن ھالبۇكى ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ مال-مۈلكىڭ مىراسخورلىرىڭغا قالغان بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4252